«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كۆرۈنمەس ئۇۋاق تەرگۈچى

# 透明的捡屑人

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

透明的捡屑人：维汉对照 / 新疆师范大学美术系动漫专业组编绘；吾斯曼江·木合麦提译. -- 乌鲁木齐 :新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2014.12
（灰灰兔绘本系列）
ISBN 978-7-5469-3751-9

Ⅰ. ①透… Ⅱ. ①新… ②吾… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 298516 号

策　划：于文胜
责任编辑：努尔阿利亚·阿不都克力木
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任决审：艾尼瓦尔·库迪力克
责任印制：刘伟煜

书　名　灰灰兔绘本系列 —— 透明的捡屑人（维汉对照）
译　者　吾斯曼江·木合麦提
出　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　新疆电子音像出版社
地　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　刷　北京新华印刷有限公司
开　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　张　2
版　次　2014 年 12 月第 1 版
印　次　2015 年 4 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-3751-9
定　价　12.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

«سۈر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى



# كۆرۈنمەس ئۇۋاق تەرگۈچى

# 透明的捡屑人

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

لېئو پولد ئەنە ئاۋۇ يەردە، ئاۋۇ چەمبىرەك بولۇپ خۇشال ئويناۋاتقان ئوماق قىزلارنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ، ئۇنى كۆرەلىدىڭىزمۇ؟

ياق. سىز ئۇنى ئەلۋەتتە كۆرەلمەيسىز، چۈنكى لېئو پولد كۆرۈنمەس پىل، يەنى كۆرۈنمەس ئۇۋاق تەرگۈچى. سىز ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان نەرسىلەرنى خۇددى دېرىزە ئەينىكىنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلىگەندەكلا كۆرەلەيسىز.

ناۋادا سىز ئەستايىدىل قارىسىڭىز ئۇنىڭ ئاياغ ئىزىنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيسىز.

利奥波德就站在那里,那一圈快乐的小姑娘们的旁边。
你能看到他吗?

不! 你当然不能,因为利奥波德是透明的。他是个透明的捡屑人。你的目光可以穿透他,就像可以穿透窗户一样。

但是如果你仔细看的话,你还是可以看到他的脚印的。



لېئو پولد ھەمىشە باشقىلار پېچىنە يېگەن ۋاقىتتا، ئۇلار
يېگەن پېچىنىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇ-
رىدىكەن. بىركۈنى ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ساقلاپتۇ. بىر ساقچى
ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىر ئات مىنىۋالغان ئادەم ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
بىر پويىزمۇ گۈدۈكىنى چالغان پېتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمما
بىرمۇ ئادەم پېچىنە ئۇۋىقىنى تاشلىماپتۇ.

利奥波德总是等着有人在吃饼干的时候不停地掉下饼干屑。

有一天，他等了又等。一名警察走过去了。一个男人骑着马过去了。一列火车呼啸着开过去了。但没有人掉下饼干屑。

ئارقىدىنلا مىنىرۋا كەپتۇ. ئۇنىڭ بىر ئالدى چىشى چۈشۈپ كاماك بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ قولىدا بىر تال قىشلىق موگو تەملىك پېچىنىنى مەززە قىلىپ يەپ مېڭىپتۇ، پې-چىنە ئۇۋاقلىرى ئۇنىڭ چىشىنىڭ كاۋاك يېرىدىن يەرگە خۇددى قاردەك تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن لېئو پولد ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

— نېمىدېگەن تەملىك! نېمىدېگەن تەملىك! — دەپتۇ لېئو پولد، — مەن قىشلىق موگو تەملىك پېچىنىگە ھەممىدىن بەك ئامراق!

لېئو پولد پېچىنىنىڭ ئۇۋىقىنى تېرىپ يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن مىنىرۋاغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاز دەپ يەنە ئۇنىڭ پۇتىغىمۇ دەسسىۋاپتۇ.

然后密涅瓦来了。她掉了一颗门牙，这会儿正吃着香草饼干呢。饼干屑就像圣诞节的雪花一样飘落下来。利奥波德跟了上去。

"真好吃呀！真好吃呀！"他说，"香草饼干，我最喜欢的！"利奥波德忙着捡饼干屑，一不小心撞上了密涅瓦，还踩到了她的脚。

— ۋايجان — دەپتۇ مىنىرۋا، — بۇ يەردە كىم بار؟ قانداق نەرسە بۇ؟

ئۇ لېئو پولدنى كۆرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى تۇتالايدىكەن.

— ۋاي، تەڭرىم! سىنىڭ پۇتۇڭ نېمىدېگەن چوڭ، تۈكلىرىڭ نېمانداق ئۇزۇن، — دەپتۇ مىنىرۋا ھەيرانلىق بىلەن، — سەن نېمىدېگەن چوڭ - ھە! ئىتتىنمۇ چوڭ ئىكەنسەن، ئاتنىڭ چوڭلۇقىدا بار ئىكەنسەن. مەن سىنىڭ ئۈستۈڭگە مىنىپ باقسام بولامدۇ؟

"哎呦！"密涅瓦说:"谁在那里啊？那是什么？"
她看不到利奥波德,但可以摸到他。

"我的天哪,这么大的脚趾,这么长的毛。"密涅瓦说:"你真大啊！比狗还大,几乎跟马一样大。我可以骑在你的背上吗？"

لېئو پولد غۇدۇڭشىپ، ئۆزىنىڭ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنىرۋا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقىپ، ئۇنى مىنىپ كوچا ئايلىنىپتۇ.

كوچىدىكى كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشىپتۇ. بىر كىچىك قىز بالا بوشلۇقتا لەيلەپ ماڭغان، ئۇنىڭ ئاستىدا ھېچقانداق نەرسە يوق. بەزى ئادەملەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا شىلەپىسىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي، ئۆيلىرىگە قېچىپتۇ.

لېئو پولد بىلەن مىنىرۋا بۇ ئەھۋاللانى كۆرۈپ كۈلۈشۈپتۇ، ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

利奥波德咕哝了一声，表示他并不介意，所以密涅瓦爬上他的背，骑着他上了街。

人们简直不敢相信自己的眼睛。一个小女孩骑在空中，下面什么都没有！他们惊讶得连帽子都掉下来了，赶紧跑回家去吃药。

利奥波德和密涅瓦看到这一切，可真开心！



لېئو پولد مىنرۋانى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇ مىنرۋانىڭ
مەخسۇس ئۇۋاق تەرگۈچىسى بولۇشنى قارار قىپتۇ.

ھەركۈنى ئەتىگىنى ئۇ مىنرۋانىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدا ئۇنى ساقلايدىكەن. مى-
نىرۋا بولسا ئۇنىڭغا ھەردائىم ئۆيىدىكى ئەڭ يېپىشلىك پېچىنىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرىنى
ئېلىپ چىقىپ بېرىدىكەن ھەم ئارقىدىنلا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقىۋال-
دىكەن. لېئو پولد مىنرۋانى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، ئۇنىڭ سومكىسىنى ئاغزىدا
چىشلىگەن پېتى ئۇنى مەكتەپكە ئېلىپ بارىدىكەن.

بىركۈنى، بىرەيلەن مەكتەپ دەرۋازىسىنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. لېئو پولد
مەكتەپنىڭ ئىچىدە پېچىنە ئۇۋاقلىرىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قېلىپ، مەكتەپنىڭ ئى-
چىگە كىرىپتۇ.

ئاۋارىچىلىك شۇنىڭ بىلەن تەڭ باشلىنىپتۇ.

利奥波德喜欢密涅瓦。他决定做她的专有捡屑人。

每天早上，他在密涅瓦家的房子外面等着。密涅瓦总是给他一些很棒的饼干屑当早餐，然后就爬上他的背。利奥波德把密涅瓦的书叼在嘴里，背着她去学校。

有一天，有人忘了关上学校的门。利奥波德闻到学校里有饼干屑的味道，他溜了进去。

就这样，麻烦开始了。

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تاماق قاچىلىرىنىڭ قۇرۇقدىلىنىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. كۆپچىلىك تەڭلا يىغلىشىپتۇ.

— ۋاي تەڭرىم! — دەپتۇ مىنىرۋا، — لېئو پولد چوقۇم مۇشۇ يەردە.

— لېئو پولد دېگەن كىم؟ — ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى.

— ئۇ مېنىڭ كۆرۈنمەس ئۇۋاق تەرگۈچۈم، — دەپتۇ مىنىرۋا، — ئۇنىڭ قورسىقى ھەر ۋاقىت ئېچىپلا تۇرىدۇ.

مىنىرۋا ھەممە يەرنى سىيلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى بىر ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن تېپىۋاپتۇ.

— سەن بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ! ۋۇي كىچىك جېدەلخور! — دەپتۇ مىنىرۋا، — مەن سېنىڭ بۇرۇتۇڭنىڭ ئۈستىدىكى پېچىنىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرۈپ قالدىم، سەن كۆپچىلىكنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى يەپ تۈگىتىپسەن ئەمەسمۇ!

لېئو پولد قورقۇپ كەتكىنىدىن يىغلاشقا باشلاپتۇ، ئۇ بۇنى قەستەن قىلمىغانىكەن. ئەسلىدە ئۇ باللار ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن دەپ ئويلاپ قالغان ئىكەن.

— بولدى! — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى ئاچچىقى بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ، — سىز ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ، دەرەخكە باغلاپ قويۇڭ مىنىرۋا. بۇ ئۇۋاق تەرگۈچىڭىز ھەرگىزمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە قاتراپ يۈرمىسۇن!

吃午饭的时候，孩子们发现所有的午餐袋子都空了，他们哭了起来。

"哦，天哪，" 密涅瓦说，" 利奥波德肯定在这里。"

" 谁是利奥波德？" 老师问。

" 他是我的透明捡屑人，" 密涅瓦说，" 他总是非常饿。"

她伸手到处摸索，果然，找到他了，就在一张桌子底下。

" 你在这里，你这个小淘气！" 密涅瓦说，" 我看到你胡子上的饼干屑啦。你吃光了大家的午餐。"

利奥波德呜咽着，他不是故意淘气的。他以为孩子们带来的实物是给他的。

" 好了！" 老师皱起了眉头，" 你必须送他回家，密涅瓦，把他绑在树上吧。绝不可以让捡屑人四处晃荡。"


3
2
5

مىنرۋا ئىنتايىن خاپا بوپتۇ، ئۇ ئۆيىگە قايتىش يولىدا لېئو پولدقا مىنىپمۇ قويماپتۇ، سومكىسىنىمۇ ئۇنىڭغا بەرمەي ئۆزى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. مىنرۋا ئاچچىقى بىلەن ئاياغلىرىنى تاراقشىتقان پېتى ئالدىدا، لېئو پولد كۆڭلى يېرىم ھالدا ئۇنىڭ كەينىدە مېڭىپتۇ. ئۇ بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ، بۇ ھال ئۇنىڭ قورسىقىنى تېخىمۇ بەك ئاچۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇلار كىراكىخوۋ ئەپەندىنىڭ بولكا پىشۇرۇقخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. دېرىزىنىڭ ئالدىدا مەززىلىك پېچىنە، تورت ۋە پۆرىلەر تىزىقلىق ئىكەن.

密涅瓦很生气,她都不愿意骑着利奥波德回家了。她也不让他帮忙拿书,她吧嗒吧嗒地在街上走着,利奥波德伤心地跟在后面。他太难过了,这让他更加饿了。

他们经过克拉克豪先生的面包店。窗口堆满了饼干、蛋糕和馅饼。

تۇيۇقسىز، غۇيىيدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خۇددى سېھىر ئىشلەتكەندەك بارلىق پېچىنە، تورت ۋە پۆرىلەرنىڭ ھەممىسى غايىب بوپتۇ.

— ۋاي، تەڭرىم! دەپتۇ مىنىرۋا.

كىراكىخوۋ ئەپەندى كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

— قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! ساقچى ئەپەندى، ئوغرى بار ئىكەن! — دەپتۇ ئۇ ۋارقىراپ.

ساقچى دوللى يۈگۈرگەن پېتى ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

忽然,呼的一下! 像施了魔法一样,所有的饼干、蛋糕和馅饼都消失了。

"哦,天哪!" 密涅瓦说。

克拉克豪先生跑到街上。

"救命啊! 警察! 有小偷!" 他大声喊道。

警官杜利冲过来救援。

— ساقچى ئەپەندى بۇ قىزچاقنى قولغا ئېلىڭ! — دەپتۇ كىراكخوۋ ئەپەندى ۋارقىراپ تۇرۇپ، — ئۇ بايا مېنىڭ دۇكىنىمدىكى بەش تورتنى، 14 پۆرىنى، 12 بولاق پېچىنىنى ئوغرىلىقچە يەۋەتتى.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ بۇ قىزچاقنىڭ ئۆزى بىر بولاق قاتلىما بولكا چوڭلۇقىدا تۇرسا، — دەپتۇ ساقچى دوللى ئىشەنمىگەن قىياپەتتە، — ئۇ قانداقمۇ ئۇنچىۋالا كۆپ پېچىنە، تورت ۋە پۆرىلەرنى يەپ بولالىسۇن؟!

"抓住这个女孩！"克拉克豪先生喊道，"她刚吃了五个蛋糕、十四个馅饼和十二打饼干。"

"怎么可能？这个小女孩不比一打甜甜圈更大，"警官杜利说，"她怎么可能吃得掉这么多饼干、蛋糕和馅饼呢？"

ـــ بۇنى مەن قىلمىغان دوللى ئەپەندى، راستىنلا مەن قىلمىغان، ـــ دەپتۇ مىنرۋا ئۆزىنى ئاقلاپ، ـــ بۇنى لېئو پولد قىلغان، ئۇ مېنىڭ مەخسۇس ئۇۋاق تەرگۈچۈم. بۈگۈن ئۇنىڭ قورسىقى باشقىچىلا ئېچىپ كېتىپتۇ.

ـــ قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! توختا دەيمەن! ۋاي، تەڭرىم، بۇ دەھشەتلىك بوران قانداق پەيدا بولدى!

يان تەرەپتىكى مىلچىماللار دۇكىنىنىڭ غوجايىنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ، ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى ئالما، شاپتۇل، كاۋا ۋە پېچىنىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ غايىپ بولغىلى تۇرۇپتۇ.

"这不是我干的,杜利先生,真的"密涅瓦说,"是利奥波德,他是我的透明捡屑人。他今天非常饿。"

"救命啊!停下来!我的天哪 -- 这简直是场飓风!"
隔壁杂货店的老板大叫着,店里所有的苹果、桃子、南瓜、火腿片和苏打饼干都消失了。



— مەن لېئو پولدنىڭ كاۋىنىمۇ ياخشى كۆرىدى-
غانلىقىنى بىلمەيتىمەن، — دەپتۇ مىنىرۋا، — ئۇ ئە-
زەلدىن يەپ باقمىغان.
— بىز لېئو پولد بازاردىكى ھەممە نەرسىلەرنى يەپ تۈگىتى-
شىدىن بۇرۇن تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك، دەپتۇ ساقچى دوللى.

"我不知道利奥波德喜欢南瓜,"密涅瓦说,"他以前从来没有吃过。"

"我们必须赶在利奥波德吃光这个小镇之前抓住他。"警官杜利说。





جىرررررىڭ، جىرررررىڭ! دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ساقچى دوللى جىددىيلەشكىنىدىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ ساقچى شەپكىسىمۇ بېشىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا تاپانچىسىمۇ بار ئىكەن، — بۇ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى — دەپتۇ دوللى يۇقىرى ئاۋازدا، — بانكىغا ئوغرى كىرىپتۇ.

丁零！ 丁零！ 就在这时，传来一阵刺耳的铃声。

警官杜利一下子跳了起来，他的帽子都飞起来了，他还掏出了手枪。

"这是防盗报警！" 他大声喊道，" 有人抢劫银行！"



تىتۇ... تىتۇ...

ساقچىلار ساقچى ماشىنىلىرىنى غۇيۇڭ-
شىتىپ، بانكا تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئەل-
لىككە يېقىن ساقچى قولىدا كالتەك ۋە تا-
پانچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنىدىن
چۈشۈپتۇ.

بانكا دىرېكتورى مەيدىسىنى مۇشتلاپ
يىغلاۋاتقانىكەن.

呜呜……

呜呜……

警笛尖叫着，警车冲向了银行。五十个警察带着棍棒和手枪从车里跳了出来。

银行经理正在捶胸大哭。



— ھەممىسى يوقاپ كەتتى. بىر كويلۇق، بىر مولۇق، بىر تىيىنلىق پۇللارمۇ قالمىدى، — دەپتۇ ئۇ ئىسەدەپ تۇرۇپ، — بانكىمىزدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بۇ سۇزۇك ھاۋا سۈمۈرۈپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

— مەن كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇنى چوقۇم بىكار تەلەت گۇپىننى قىلدى، — دەپتۇ بىر ساقچى كېسىپلا.

— ياق، مېنىڭچە بۇنى ئاچ كۆز پىڭپىنشى قىلغاندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر ساقچى.

"都不见了！每一块钱！每一毛钱！每一分钱！" 他呻吟着，" 我们漂亮的钱被吸进了稀薄的空气里，一去不复返了。"

" 我敢打赌，是游手好闲的古皮尼做的。" 一个警察说。

" 不，我觉得听上去更像是贪婪的平皮希干的。" 另一个警察说。

ــ ئۇنداق ئەمەس، بۇنى بىكار تەلەپ گۇپىننىمۇ، ئاچ كۆز پىگىپىنشىمۇ قىلمىغان، ــ دەپتۇ مىنىرۋا، بۇنى چوقۇم لېئو پولد قىلغان، ئۇ مېنىڭ كۆرۈنمەس ئۇۋاق تەرگۈچۈم. ئۇ پۇل يې- يىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن جەزملەشتۈرىمەنكى، ئۇ بانكىنىڭ پۇللىرىنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

لېئو پولد پۇللارنىڭ تەمنى راستتىنلا ياقتۇرمايدىكەن، چۈنكى پۇللار ئىنـ- تايىن تەمسىز ئىكەن. ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كوچىنىڭ ھەممىلا يېرى پۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم پۇللارنى تېرىپ، بانكىغا ئەكىرىشكە باشلاپتۇ.

"不是。这不是游手好闲先生干的,也不是贪婪先生干的。" 密涅瓦说," 这一定是利奥波德 -- 我的透明捡屑人干的。他不喜欢吃钱,我敢肯定,他会还回来的。"

利奥波德真的不喜欢钱,这味道太可怕了,他把它们全吐了出来,散得大街上到处都是。每个人都争着去捡钱,并拿回了银行。

— مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم! — كەمپۈت دۇكىنىنىڭ غوجايىنى پانىك خانىم كەمپۈت دۇكىنىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، لېئو پولدنىڭ قۇيرۇقىدىن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ.

ئەتراپنى كەمپۈت قەغەزلىرى قاپلاپتۇ.

"我抓住他了！"糖果店老板帕尼可夫人尖叫道。她从糖果店里跑出来，紧紧抓住利奥波德的透明尾巴。

到处都是糖果包装纸。

ــ ۋاي، تەڭرىم! يەنە لېئو پولد ئىكەنغۇ، ــ دەپتۇ مىنرۋا تاقەتسىزلىنىپ.

ــ يۇرۇڭلار، بۇرادەرلەر! ــ دەپتۇ ساقچى دوللى ۋە باشقا ساقچىلارنى چاقىرىپ، ــ بىز بۇ ئۇۋاق تېرىيدىغان كۆرۈنمەس ئەبلەخنى قورشاپ تۇتۇپ، تۈرمىگە سولايلى!

"哦,天哪! 又是利奥波德。" 密涅瓦说。
"跟我来, 伙计们," 警察杜利喊道," 让我们围着这个吃碎屑的透明家伙,抓他去坐牢。"

— ئەگەر بىز ئۇنى كۆرەلمىسەك، ئۇنى قولغا ئالالمايمىز، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى.

— بىز ئۇنى چوقۇم قولغا ئېلىشىمىز كېرەك، باشلىق، — دەپتۇ ساقچى دوللى قەتئىيلىك بىلەن، — ئۇ بازىرىمىزدىكى ھەممە نەرسىلەرنى يەپ تۈگىتەيلا دەپ قالدى.

— مەن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى، — بىز ئۇنى سىزىپ چىقايلى، بىز ئۇنىڭغا رەڭ بەرسەكلا ئۇنى كۆرەلەيمىز.

"如果我们看不到他,我们就不能逮捕他。"警察头头说。

"我们必须抓住他,先生,"警官杜利说,"他正在吃光小镇里的所有东西。"

"我知道我们能做什么,"警察头头说,"我们将他画出来,这样我们就可以看到他了。"

— بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق بولىدۇ! — مىنرۋا خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ، — مەن بۇنى نېمىشقا ئويلاشمىغاندىمەن. بىز تارىختىن بۇيان كۆرۈنـ-مەس ئۇۋاق تەرگۈچىنى كۆرگەن تۇنجى كىشىلەر بولۇپ قالىمىز.

ئۇ لېئو پولدنىڭ قۇيرۇقىنى سېرىق رەڭ بىلەن بوياپتۇ.

"这会很有意思!"密涅瓦拍着手说,"我怎么从来没想过。我们会是有史以来第一批见到透明捡屑人的人。"

她给利奥波德的尾巴涂上了黄色。

مىنرۋا لېئو پولدنىڭ دۈمبىسىگە قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك تۈز سىزىقلارنى سىزىپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كەيندىكى ئىككى پاچىقىنى سۆسۈن رەڭدە، پۇتىنى سېرىق رەڭدە بوياپتۇ.

— سەن چوقۇم ياخشى ئەرمەك ھايۋان بولىسەن، — دەپتۇ مىنرۋا. لېئو پولد ئەگمەچ كەلگەن قۇيرۇقىنى پۇلاڭشىتىپ قويۇپتۇ.

她在利奥波德的背上画上红色和黄色的条纹，接着是紫色的腿、黄色的脚趾。

"你会是个好宠物。"密涅瓦说。利奥波德摇了摇卷曲的尾巴。

منىرۋا يەنە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى پاچىقىنى سېرىق رەڭدە، پۇتلىرىنى سۆسۈن رەڭدە بوياپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىنىمۇ سېرىق رەڭدە بوياپتۇ.

— تېز بولۇڭ! دەپتۇ ساقچى باشلىقى ئالدىراپ، — بىزگە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىڭ!

منىرۋا سۆسۈن رەڭ بىلەن ئاق رەڭدە ئۇنىڭ كۆزلىرىنى بوياپتۇ. لېئوپولد ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ قويۇپتۇ، منىرۋامۇ ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ قويۇپتۇ.

她又画上了黄色的腿、紫色的脚趾和黄色的耳朵 。

"快点！"警察头头说,"让我们看看他的脸是什么样子的！"

密涅瓦画了紫色和白色的眼睛。利奥波德冲她眨了眨眼,她也冲他眨了眨眼。

ــ سۆسۆن ۋە سېرىق رەڭلىك سىزىقلار ئۇنىڭ بۇرنىغا بەك ماس كېلىدۇ، ــ دەپتۇ مىنىرۋا.

ئۇ لېئو پولدنىڭ بۇرنىنى بوياپ ئۇچىغا كەلـ. گەندە ئۇنىڭ يەنە نەرسە يەۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ.

ــ ئەستا، ئۇ يەنە نەرسە يېگىلى تۇرۇپتۇ، ئەمەس. مۇ! ــ دەپتۇ مىنىرۋا.

ــ ئۇنى تۇتۇۋېلىڭ! ــ ساقچى باشلىقى ۋارقـ. راشقا باشلاپتۇ، ــ ئۇ دېگەن مېنىڭ چۈشلۈك تا. مىقىم ئىدى.

لېكىن ئۇلار بەك كېچىكىپتۇ. لېئو پولد ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئۇۋاقنىمۇ قويماي يەۋېتىپتۇ.

"紫色和黄色的条纹最适合鼻子了。"密涅瓦说。

当她把利奥波德的长鼻子画到最后一点时,"哎呀!"她说,"他又在吃东西了。"

"拦住他!"警察头头喊道,"那是我的午餐!"

但是太晚了,利奥波德吃光了最后一块碎屑。

— مەن ئۇنى قولغا ئالمايمەن، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى، — مەن بۇنداق تويماس چۈشلۈك تاماق ئوغرىسىنى تۈرمىگە سولىمايمەن. ئۇنى هايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، ئۇ دەل لىئو پولدغا ئوخشاشلارنىڭ بارار جايى.

— ئەجەپ ياخشى بولدى، — دەپتۇ مىنرۋا خۇشاللىقدا، — لىئو پولد ئۇ يەردە چوقۇم ئىللىقلىق هېس قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان بولكا ئۇۋاقلىرى بار.

" 我不要逮捕他," 警察头头大吼道," 我不要这样一个饥饿的午餐强盗待在我的监狱里。带他去动物园,那才是他应该待的地方。"

" 真不错," 密涅瓦说," 他在那里会感到很温暖,而且那里总是有很多的面包屑。"

هەر كۈنى نۇرغۇنلىغان كىچىك دوستلار هايۋاناتلار باغچىسىغا لېئو پولدنى كۆرگە-
لى كېلىدىكەن.

ئۇلار ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا يامىشىپ چىقىۋالىدىكەن. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بولكا
ئۇۋاقلىرىنى تەييارلاپ كېلىدىكەن. بالىلارنىڭ لېئو پولدقا بولغان مۇھەببىتى بارلىق
هايۋانلارغا بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ.

بىر قېتىم تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ، لېئو پولدنىڭ بەدىنىدىكى رەڭلەرنىڭ ھەممىسى
يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە كۆرۈنمەس بولۇپ قاپتۇ.

بالىلار ئۇنى قېچىپ كەتتى دەپ ئويلاپ، يىغلىشىپتۇ. مىنىرۋا بولسا بوياق ئېلىپ
كېلىپ، لېئو پولدقا قايتىدىن رەڭ بېرىپتۇ، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

每天都有很多的小朋友到动物园看望利奥波德。

他们骑在他的背上，爬上他的长鼻子。他们很爱他，认为他带来了很多很多面包屑，所有其他动物加起来得到的爱都不如他从小朋友那里得到的爱多。

有一次下雨了，利奥波德身上的颜色都被洗掉了，他又变成透明的了。

孩子们以为他逃跑了，都哭了起来。密涅瓦知道该怎么办。他拿来一些颜料，很快利奥波德就光鲜如初了。

مانا هازىر ھەربىر قېتىملىق يامغۇردىن كېيىن، مىنرۋا هايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپ لېئو پولدنى بوياپ قويىدىغان بوپتۇ.

بىر قېتىم، مىنرۋا ئۇنىڭ بەدىنىگە بوركا چەمبىرەك سىزىپ قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن لېئو پولد خۇددى رەسىمدىكىدەك بولۇپ قاپتۇ. لېئو پولد تۈز سىزىقچىلارغا قارىغاندا، بۇ چەمبىرەكلەرنى تېخىمۇ بەك ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ياقتۇردۇم.

باللار، سىلەرچۇ؟

现在，每次下完雨，密涅瓦就去动物园给利奥波德涂上新的颜色。

有时，她在他身上画满了波尔卡圆点 -- 就像这样。比起条纹，利奥波德更加喜欢波尔卡圆点。

我也是。

你呢？

بۇ كىتاب بېيجىڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京少年儿童出版社 2011 年 10 月第 1 版，2012 年 7 月第 3 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرەم

**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم

**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېيىۇ

## «سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# كۆرۈنمەس ئۇۋاق تەرگۈچى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان مۇھەممەد

---

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830026

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى

**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى

رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى

**زاۋۇت:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3751 - 9

**باھاسى:** 12.00 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)

**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

ISBN 978-7-5469-3751-9

9 787546 937519 >

定价: 12.00元